# 34296 ـ ھەج ياكى ئۆمرىنى نىيەت قىلىپ مىيقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كېتىپ ئاندىن مىيقاتقا قايتىپ كەلگەن كىشى توغرىسىدا

## سۇئال

بىر كىشى ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلدى، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ مەقسىتى  دەسلەپتە مەككىگە كېلىپ ئاندىن مەدىنىگە چىقىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئېھرامنى نىيەت قىلماستىن مىيقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتتى، مەككىگە كىرىپ ئاندىن مەدىنىگە كەلدى، زۇلھۆلەيپىدىن ھەجنى نىيەت قىلىپ ئېھرامغا كىردى، بۇ كىشىنىڭ ئىشى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ھەجنى مەقسەت قىلغان كىشى مەدىنە ئەھلىنىڭ مىيقاتىغا چىقىپ، ئۇ يەردىن ئېھرامنى نىيەت قىلىپ كەلگەن بولسا، دەسلەپتە مەككىگە ئېھرامسىز كىرگەنلىكىگە بىر نەرسە كەلمەيدۇ، ئەسلىدە دەسلەپتە مەككىگە كىرگەندە مىيقاتتىن ئېھرامنى نىيەت قىلىپ كىرگەن بولسا ياخشى بولاتتى. ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا ئىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.